# پەيغەمبىرىمىزنىڭ دادىسى
# ئابدۇللاھ



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىر نۇر ئۇنىڭغا: «ئابدۇلمۇتتەلىب، زەمزەم قۇدۇقىنى قازغىن!» دەپ خىتاب قىپتۇ.





ئۇ ئەتگەندە ئورندن تۇرۇپ ئوغلى هارسقا:




ئابدۇلمۇتتەلىب: «ئى ئاللاھ، سەن بىلىسەن، مېنىڭ ھارىستىن باشقا پەرزەنتىم يوق، ماڭا ئون پەرزەنت ئاتا قىلساڭ، چوقۇم ئۇلاردىن بىرىنى ساڭا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىمەن» دەپ دۇئا قىپتۇ.


ئاردىن بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن:
ئاللاھ ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئون پەرزەنت ئاتا قىلىپتۇ. ئۇ ھاياجان ئىلكىدە: «ئەمدى ئاللاھقا بەرگەن ۋەدەمنى ئورۇنلايدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى» دەپتۇ.
ئاندىن ئۇ باللىرىغا: «ھەي ئوغۇللىرىم، سىلەر ھازىر چەك تارتىسلەر، چەك كىمگە چىقسا، ئۇنى ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنىڭ ئالدىدا قۇربانلىق قىلىمەن» دەپتۇ.


چەك ئەڭ كىچىك
ئوغۇل ئابدۇللاھقا چىقىپتۇ.
ئابدۇلمۇتتەلىب:
«ۋاي ئاللاھ، ئابدۇللاھ
بالىلىرىم ئىچىدە مەن ئەڭ
ياخشى كۆرىدىغىنى ئىدى»
دەپتۇ.


قۇرەيشلەر:
«ئابدۇلمۇتتەلىب، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ بىز ئوغلۇڭ ئابدۇللاھنى قۇربانلىق قىلىشىڭغا قاراپ تۇرالمايمىز» دېيىشىپتۇ.


ئابدۇلمۇتتەلىب: «ئۇنداقتا ئاللاھقا بەرگەن ۋەدەمنى قانداق ئورۇندايمەن؟» دەپتۇ.
ئۇلاردىن بىرى: «مېنىڭ بىر ئامالىم بار، سەن چەك تاشلىغىن، ئابدۇللاھقا چىققان ھەربىر چەكنىڭ بەدىلىگە 10 تۆگە سەدىقە قىلغىن» دەپتۇ.
بۇ ياخشى پىكىر ئىكەن.

چــەك تارتــش داۋاملشــپتۇ، ئەممــا چــەك هــەر قېتــم ئابدۇللاهقــا چىقۋېرپتــۇ. ئابدۇلمۇتتەلــب هــەر قېتــم 10 تۆگــە زىيادە قلىپتۇ.




ئاللاھقا شۈكرى، چەك ئونىنچى قېتىمدا ئابدۇللاھقا ئەمەس، 100 تۆگىگە چىقتى.
ئاللاھ  ئابدۇللاھنى 100 تۆگىنىڭ بەدىلىگە قۇتقۇزۇپ قالدى.
كېلىڭلار، تۆگىلەرنىڭ ھەممىسىنى بوغۇزلاپ موھتاجلارغا تارقىتىپ بېرەيلى.

بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئابدۇللاھ چوپ - چوڭلا بىر يىگىت بوپ قاپتۇ. چوڭلاردىن بىرى مۇنداق دەپتۇ:



ئابدۇللاھ ئامىنە بىلەن توي قىپتۇ. ئامىنە ئۇزۇن ئۆتمەي ھامىلدار بوپتۇ. ئارقىدىنلا ئابدۇللاھ تاغىلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن يەسرىبكە سەپەر قىپتۇ. ئۇ سەپىرىدىن قايتىش يولىدا قاتتىق كېسەل تېگىپ ۋاپات بوپتۇ.



ئۆگەنگەنلىرىمىز:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ، ئانىسى ئامىنە، چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىب.

ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزنىڭ دادىسىنى 100 تۆگىنىڭ بەدىلىگە قۇربانلىق قىلىنىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن.

